# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 7 - ئاي
19
جۈمە
维吾尔文 7月19日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24761 - سان بۈگۈن 4 بەت


# ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئۇنتۇماسلىق باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۆستىدە ئىنقىلاب قىلىش

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەنلىكى، ئىزچىللاشتۇرغانلىقى توغرىسىدا

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

□مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى 1 - تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسى، ئۆگىنىش - تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، نۆۋەتتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ شىنجاڭ خوتەندە ئېچىلغانلىقى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا سەمىمىي غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، بۇ، شىنجاڭ خىزمىتىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تولۇق سىڭدۈرۈلۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ سۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

بىرىنچى، تونۇش جەھەتتە يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ تولۇق نامايان قىلىنىشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك سۈپىسى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، مۇھىم نۇقتا جەھەتتە تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# يەرلىكنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىجادىي ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ۋە ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىگە تېخىمۇ ياخشى كۈچ قوشۇش كېرەك

## لى جەنشۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلغانلىقنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىشى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر. 40 يىلدىن بۇيان، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يەرلىكنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە، يەرلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چۆرىدەپ، يەرلىكنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىجادىي ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ۋە ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىگە تېخىمۇ ياخشى كۈچ قوشۇشى كېرەك. ئاڭلىق ھالدا تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىغا يېقىنلىشىپ، ئەلرايىنى ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مۇجەسسەملەپ، قانۇنچىللىق ئارقىلىق خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ھەرقايسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى، ئۇلار مۇنداق بىلدۈردى ——

# ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، تۈرلۈك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز

7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ھەرقايسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھازىرقى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جاسارەتلىك، ياراملىق بولۇپ، قەتئىي ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

**■ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق پارتىيەگە سادىق بولۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمىز**

جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ لاڭمىن مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرەيلى

—— يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا

□گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتا يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يېڭى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. بىز جەزمەن شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

بىنا بىر تۈپ دەرەختىنلا ياغىچىدىن پۈتكەن ئەمەس. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە سېلىنغان مەبلەغنىڭ زورلۇقى، قاتناشقان خادىملارنىڭ كۆپلىكى، قاپلىغان ساھەلەرنىڭ كەڭلىكى مىسلىسىز بولۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئابدۇل باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ باشلامچىسىغا ئايلاندى

**ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل**

□مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن

«ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كاللىرىنى ساتقاندىن كېيىن، بىزگە 100 مىڭ يۈەن پايدا قالدى، ئەمدى نېمە باقمىز، كۆپچىلىك ئويۇڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار.» 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ تۆۋەت يېزىسى چارباغ كەنتىدىكى ئەزھەر باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇل مەمەتروزى باشقا ھەمكارلاشقۇچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى.

بۇ كىچىككىنە يىزا باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا، بارلىققا كېلىشتىن ئۆسۈپ يېتىلىشكىچە قويۇق «يەرلىك پۇراق» ھەمراھ بولدى. بۇ جەرياندا، نامرات ئائىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يولى بار بولدى، ئابدۇل كىشىلىك ھاياتىنىڭ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەنتتىكى بېيىش باشلامچىسىغا ئايلاندى.

**■ ھەمكارلىق كوپېراتىپى «بىرىنچى كومزەك ئالتۇن»نى قازدى**

باقمىچىلىق قوتانلىرىنى تازىلاپ، دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇل كۆپچىلىكنى ئېلىپ قىلىپ، ئىشىك ئالدىدا «پايدىچىلار يىغىنى» ئاچتى. «يان تەرەپتىكى ئاۋۇ قاتار ئۆيلەر بىزنىڭ ئىشخانىمىز، مەجلىسخانىمىز، بۇ بىرنەچچە كۈندىلا بېزىلىپ بولىدۇ، كېيىنكى قېتىمدا شۇ يەردە يىغىن ئاچالايمىز» دېدى ئابدۇل.

بۇ يىل 2 - ئايدا، ئابدۇل قارىقاش ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، كەنتنىڭ 1 - شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋارىس ئىمىننى ئىزدەپ بېرىپ، كەنت ئۇچۇن ئازراق ئىش قىلىپ بېرىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى، بۇ، ۋارىسنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئىلى تۇلپار خەلقئارا ساياھەت بايرىمى باشلاندى



**7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ قارىغانتې چوڭ يايلىقىدا تۈمەن تۇلپار بەيگىگە چۈشۈپ، رايون ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن نەچچە ئون مىڭ ساياھەتچىنى تاماشا قىلىشقا جەلپ قىلدى. شۇ كۈنى، شىنجاڭ ئىلى تۇلپار خەلقئارا ساياھەت بايرىمى باشلاندى.**

**□ ۋاڭ جىچىڭ فوتوسى**